پەيزاۋات ناھىيەسىدە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلماقتا

# «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئەمەلىي بولدى»

## —— پەيزاۋات ناھىيەسىدە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىۇ شياڭ

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سائەت 17گىچە، پەيزاۋات ناھىيەسىدە 6.4 بال يەر تەۋرىگەنگە ئاردىن 20 سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ جىددىي، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، يارىلانغانلار كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇلدى، داۋالاندى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاما مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يەر تەۋرەشنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ئاستا ـ ئاستا تارىلىپ، خەتەرلىك بەلباغدا تۇرۇۋاتقان ئاممىنىڭ ھەممىسى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا يۆتكىلىپ، تۇرمۇشى ياخشى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

### «بىز ‹نىجات يۇلتۇزى›نىڭ ناھايىتى تېزلا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز»

پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شىكەكۆل بازىرى بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ تەۋرەش مەركىزىگە جايلاشقان. مۇخبىر بۇ يەردە بازاردىكى بەزى كىشىلەر ئۆزى سالغان دۇكانلارنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، بىر قىسىم يول يۈزىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆردى، ئاز بولمىغان ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدىكى يېرىقلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

«كەچ سائەت 9دىن ئاشقاندا، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى كەچلىك تاماق يەۋاتاتتۇق، تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمىزدىكى ھەممە نەرسە قاتتىق سىلكىنىشكە باشلىدى، يەر تەۋرىدى!» شىكەكۆل بازىرىنىڭ ئاھالىسى زۇلخۇمار ئالىم مۇخبىرغا شۇ كۈنى كەچتىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: «بىز شۇ چاغدا سەل ئالاقزادە بولدۇق، لېكىن دادام ناھايىتى تەمكىن بولدى، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا كېلىپ خەتەردىن ساقلاندۇق، سىلكىنىش پەسىيگەندىن كېيىن، بىر ئائىلە كىشىلىرى دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كەتتۇق».

ناھايىتى تېزلا سىرتقا نۇرغۇن ئاھالە توپلاشتى، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى. «بۇنداق ئىشقا يولۇققاندا، كاللام بىردىنلا توختاپ قالدى، براق، بىز ‹نىجات يۇلتۇزى›نىڭ تېزلا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق.» بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا زۇلخۇمارنىڭ كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

### بۇ كېچە نۇرغۇن ئادەم كىرپىك قاقمىدى

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈش، پەيزاۋات ناھىيەسى شىكەكۆل بازىرىدىكى غول يولنىڭ بېنىدا، نەچچە ئون ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش خادىمى يول قىرىدا ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماقنى تېز ـ تېز يەۋاتاتتى.

ئاممىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇش تاماملانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاندىن بۇ تەستە كەلگەن تاماق يېيىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندى. 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سائەت 21دىن 27مىنۇت ئۆتكەندە يەر تەۋرىگەندىن باشلاپ، بۇ ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئىزچىل كىرپىك قاقماي، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە باشتىن ـ ئاخىر جەڭ قىلدى.

«بىز بىرىنچى ۋاقىتتا جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى يولغا قويۇپ، 28 ئاپتوموبىل، 116 ئادەمنى تەشكىللەپ يەر تەۋرەش مەركىزىگە ئەۋەتتۇق. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆيلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش بويىچە چارلاش ھەمدە نەق مەيداننى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدۇق.» قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش تارماق ئەترىتىنىڭ سەنئۇجاڭى جاڭ لىپى مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىكنىڭ كېچىلەپ جەڭ قىلىشى ئارقىلىق، جەمئىي 250 نەچچە ئۆينى رەتكە تۇرغۇزۇپ ـ تەكشۈرۈپ چىقتۇق، يەنە يەرلىك ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئاممىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردۇق».

بۇ كېچە يەنە نۇرغۇن ئادەم كىرپىك قاقمىدى. يەر تەۋرىگەن ئاشۇ چاغدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوندىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش، يەر تەۋرەش، ئوت ئۆچۈرۈش، قاتناش قاتارلىق تارماقلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، يەر تەۋرىگەن رايونغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، قەشقەر ۋىلايىتى، پەيزاۋات ناھىيەسى 12 قۇتقۇزۇش كۈچى، 198 ئاپتوموبىل، 1136 ئادەمنى تەشكىللىدى، ناھىيە، يېزا، كەنت كادىرلىرىدىن 7000 ئادەم، 500دىن ئارتۇق ئاپتوموبىلنى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

مۇخبىر نەق مەيداندا نۆۋەتتە يەر تەۋرەش رايونىدا سۇ بىلەن تەمىنلەش، توك بىلەن تەمىنلەش، خەۋەرلىشىشنىڭ نورماللىقىنى، بۇزۇلغان ئۆي، يوللارنىڭمۇ جىددىي رېمونت قىلىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى، ھەممە ئىشلارنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

### «بىزنىڭ بۇ يەردىكى تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ياخشى»

يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، پەيزاۋات ناھىيەسى دەرھال پەيزاۋات ناھىيەلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، گۈللۈك يېزىلىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپ، غولتوغراق بازارلىق 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئاممىنى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن ئۈچنى تەسىس قىلدى.

يەر تەۋرىگەندىن تارتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا كۆچۈپ كىرىشكىچە، زۇلخۇمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئىككى سائەتمۇ ۋاقىت كەتمىدى. «ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، بىز تېز سۈرئەتتە غولتوغراق بازارلىق 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا يۆتكەلدۇق، يېتىپ بارغاندا، ھەربىر ئۆيدە يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ سېلىنغانلىقىنى، يېمەكلىك، قايناق سۇ تەييارلانغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىمىزدە بىردىنلا ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدۇق، يەر تەۋرەش ئېلىپ كەلگەن قورقۇنچ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىس ـ تۈتەكتەك تارىلىپ كەتتى.» زۇلخۇمار مىننەتدارلىق بىلەن مۇنداق دېدى: «گەرچە ھازىر ئۆيىمىزگە قايتالمىساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردىكى تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ياخشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئەمەلىي بولدى».

«ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا ئىچىدىغان سۇ، يېمەكلىك، يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تولۇق كاپالەتكە ئىگە، بىز بارلىق ئاممىنىڭ ئىچىدىغان قايناق سۈيى، يەيدىغان تاماقنى بولۇشىغا، توڭلاپ قالماسلىقىغا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى نەق مەيداندا قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ماددىي ئەشيالىرىنى تارقىتىشقا مەسئۇل بولغان پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى.

گۈللۈك يېزىلىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا ۋاقىتلىق قۇرۇلغان كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىدە، تېببىي خادىم 70 ياشلىق مەمەت تۇردى بوۋاينى تەكشۈرۈۋاتاتتى. «قان بېسىمىڭىز نورمال ئىكەن، قان شېكىرىڭىزدىمۇ مەسىلە يوق، سالامەتلىكىڭىزدە چوڭ چاتاق يوق ئىكەن، ياخشى ئارام ئالسىڭىزلا ئەسلىڭىزگە كېلەلەيسىز.» «ماقۇل، سىلەرنى راستلا جاپاغا سالدىم!» دېدى بوۋاي مىننەتدارلىق بىلەن.

يېقىنلا يەردە، بالىلار قىشنىڭ ئاپتىپىدا خۇشال ئويناۋاتاتتى، چوڭلار قۇتقۇزۇش خادىملىرىغا ياردەملىشىپ، ماددىي ئەشيالارنى توشۇپ، ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى، ئىشلار تەرتىپلىك بولۇپ، ھەممە ئۈمىدكە تولغانىدى.

---

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش • ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

پەۋقۇلئاددە ناچار ھاۋارايىغا پائال تاقابىل تۇرۇپ، يولۇچىلارنىڭ راۋان سەپەرگە چىقىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش

# ئۈرۈمچى ـ تۇرپان قوش يۆنىلىشلىك «ھاۋا ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى» دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇلدۇ

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ** 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايوننىڭ پەۋقۇلئاددە ناچار ھاۋارايىغا تاقابىل تۇرۇپ، «ھاۋا ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى»نى دائىملاشتۇرۇپ كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىنىشىچە، پەۋقۇلئاددە ناچار ھاۋارايىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى ـ تۇرپان قوش يۆنىلىشلىك «ھاۋا ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى»نى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، ترانسپورت بىخەتەرلىكى ۋە يولۇچىلارنىڭ راۋان سەپەرگە چىقىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرىدىكەن.

شىنجاڭ تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزاق، قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتى ئىنتايىن كۈچلۈك «دائىرە خاراكتېرلىك» ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئاسانلا تۇمانلىق ھاۋارايى شەكىللىنىدۇ، ھەر يىلى 12 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايغىچە، قار يېغىش، توڭ تۇمان، كۆرۈش دەرىجىسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق مۇرەككەپ ھاۋارايى كۆپ يۈزبېرىپ، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىپ، ئايروپورتنىڭ يۈرۈشىگە بىرقەدەر چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭ ئايروپورت (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى تاۋ رۇنۋېننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «ھاۋا ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى»نى دائىملاشتۇرۇپ كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون مەخسۇس پەۋقۇلئاددە ناچار ھاۋارايىغا تاقابىل تۇرۇپ ئاۋىياتسىيە ترانسپورتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالدىن پىلانلاپ، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇرەككەپ ھاۋارايىدا نۆۋەتچى ئايروپىلان پىلانىنى ھەرىكەتچان تەڭشەش مېخانىزمىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىغا كىرىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان پىلانىنىڭ قىسقارتىلغان قىسمىنى ئەتراپتىكى رايونلاردىن تۇرپانغا بىۋاسىتە ئۇچۇشقا تەڭشەيدىكەن ياكى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىدىكى يولۇچىلارنى تۇرپان ئايرودرومىدىن ئەتراپتىكى رايونلارغا بىۋاسىتە ئۇچۇشقا يۆتكەپ توشۇيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۇرپان ئايرودرومىغا زاپاس قونغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلاردىن پايدىلىنىپ، بىۋاسىتە ئۇچۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىسمەن نۆۋەتچى ئايروپىلانلارغا ئەتراپتىكى رايونلاردىكى شەھەرلەرگە بىۋاسىتە ئۇچۇش پىلانىنى يولغا قويۇشنى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. ھازىر بار بولغان تۇرپان ئايرودرومىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋىياتسىيە بازىرىنى پائال يېتىلدۈرىدىكەن. پەۋقۇلئاددە ناچار ھاۋارايىدا، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىدىن يولغا چىقىپ شىنجاڭ سىرتىغا ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى تۇرپان ئايرودرومىدىن يولغا چىقىپ شىنجاڭ سىرتىغا ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانلارغا تەڭشەپ، يولۇچىلارنىڭ يۆتكىلىپ ئۈنۈملۈك توشۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرىدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون مۇلازىمەت كاپالىتى ئىقتىدارىنى سجىل ئۆستۈرۈپ، ئۈرۈمچى ـ تۇرپان ئايرودرومىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تىجارەت باشقۇرۇش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلىرى ۋە كەسپىي خادىملىرىنى تۇرپان ئايرودرومىغا بىرتۇتاش پىلانلاپ سەپلەپ، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن ھەم ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىش پونكىتى ئېچىپ، مۇلازىمەت كاپالىتى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىش تۇيغۇسىنى ياخشىلايدىكەن. تۇرپان ئايرودرومىدىن تۇرپان شىمالىي ۋوگزالىغىچە بولغان تۇتاشتۇرۇش كاردورى تۈردە ئىش باشلاش ئارقىلىق، ئايرودرومنىڭ زاپاس قونۇش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۇرپان ئايرودرومىنىڭ كاپالەت ئىقتىدارى ھەم يولۇچىلارنى يۆتكەپ توشۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدىكەن.

2019 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىدا بۇ يىل قىشتا جەمئىي بەش قېتىم ھاۋارايى سەۋەبىدىن تۈركۈملەپ نۆۋەتچى ئايروپىلان (ئون نۆۋەتچى ئايروپىلان‹ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ›دىن كۆپ)نىڭ تۇرپان ئايرودرومىغا زاپاس قونۇش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى يۆنىلىشىدىكى «ھاۋا ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى» تۆت تۈركۈم قېتىم يولغا قويۇلۇپ، زاپاس قونغان 9239 يولۇچى يۆتكەپ توشۇلغان؛ ئۈرۈمچى ـ تۇرپان يۆنىلىشىدە «ھاۋا ـ تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى» ئارقىلىق 14 نۆۋەتچى ئايروپىلانغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، 1629 يولۇچى يۆتكەپ توشۇلغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇمىي يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئۆگىنىلدى، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈلدى. بىردەك مۇنداق قارالدى: سۆزدە ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەنگەن، پۈتۈن ۋەزىيەت بىرتۇتاش ئىگىلەنگەن، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك نەزەرى، خاتىرجەم شارائىتتا خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلايدىغان سىياسىي سەگەكلىكى، پارتىيەنى گۈللەندۈرۈپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش بۇرچ، مەسئۇلىيىتى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردە پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سجىل تۈرتكە بولۇشنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى، مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمىدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى چىڭىتىپ، بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق بىلەن ئومۇمىي يىغىندا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2019 ـ يىلى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە نىزامنامىسى ۋە ئاساسىي قانۇندا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتىزامىنىڭ مۇھىم باسقۇچلۇق نەتىجىلىرى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، قوغداپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنى قەتئىي جايىدا، پۇختا ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قاراپ پۇختا قەدەم باستى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى. بايرىقى روشەن ھالدا پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر تۈزەپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاممىۋى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلىدى. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت خاھىش»نى قەتئىي بوشاشماي تۈزەتتى. قەتئىي تەۋرەنمەي سىياسىي كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈشنىڭ شەمشەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. نازارەتچىلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى پۇختا، ئىنچىكە ئادا قىلىپ، ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلدى، جاۋابكارلىقنى دەل جايىدا سۈرۈشتۈردى. «ئۈچ تۈرلۈك ئىسلاھات»نى بىرگەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ قېلىپلىشىش، قانۇنچىللىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشنى سجىل چوڭقۇرلاشتۇردى. سىياسىيدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇش، قابىلىيىتى يۇقىرى، كۈچلۈك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە قوشۇنىنىڭ سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولۇشتەك سىياسىي پەزىلىتىنى ئۈزلۈكسىز تاۋلىدى. ئومۇمىي يىغىندا نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈش بىلەن بىللە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان كەمتۈكلۈكلەر ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىنىپ، يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەل قىلىش تەلەپ قىلىندى.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2020 ـ يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە كومىتېتىنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ھەمكارلىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشتىكى چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا، نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق كەسپىلەشكەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتىزامىنىڭ مۇھىم باسقۇچلۇق نەتىجىلىرى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، قوغداپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سجىل ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك. ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى سىياسىي خىسلەت ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلىتىپ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇزۇۋالاندۇرۇپ، بۇرچقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، سىياسىي نازارەتچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىسىنى سجىل چىڭىتىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرى، تەستىقىي يوليورۇقلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا قارىتا نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا «ئىككىنى قوغداش»نى قان ـ تومۇرىغا سىڭدۈرۈشىگە، ھەرىكىتىدە كۆرسىتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، تۈرتكە بولۇش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر سىياسىي ئىنتىزامنى، بولۇپمۇ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتىزامىنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى سجىل تۈزەش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەركەز قىلىنغان خىزمەت يۆنىلىشىنى ۋەزىپىنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشتە «ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل» ھەرىكىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش كېرەك. خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى «ئۇششاق چىرىكلىك»، قارا، رەزىل كۈچلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان، قانات ئاستىغا ئالىدىغان «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان «توسالغۇ»لارنى چوڭقۇر تۈزەپ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى ياخشى قوغداش كېرەك.

تۆتىنچى، «ئۈچ تۈرلۈك ئىسلاھات»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى سجىل تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بىرىنچى قول»نى نازارەت قىلىش ۋە تەڭ دەرىجىلىكنى نازارەت قىلىش قىيىن مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىش كېرەك. «ئىككىنى ئاساس قىلىش، بىرنى دوكلات قىلىش»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ قوش رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇش، تەرتىپلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىنتىزام نازارەتچىلىكى، رېۋىزىيە نازارەتچىلىكى، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى نازارەتچىلىكى، كۆزىتىش نازارەتچىلىكىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ جىپسىلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىچى نازارەتچىلىكى بىلەن باشقا تۈرلۈك نازارەتچىلىكلەرنىڭ تۇتىشىشى، يۇغۇرۇلۇشى، ماسلىشىشى، ھەمكارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەخسۇس خىزمەتتىن دوكلات بېرىشىنى قانۇن بويىچە تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىنتىزام ئىجراسى، قانۇن ئىجراسىنىڭ تۇتىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇن يۈرگۈزۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش كېرەك.

بەشىنچى، مەخسۇس مەسئۇل بولۇپ نازارەت قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق ھالقا، ئاچقۇچلۇق ساھەگە سجىل كۆز تىكىپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە بولغان چەكلىمە، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىق»لار، ئاچقۇچلۇق ئىش ئورۇنلىرى، نۇقتىلىق ساھەلەرنى چىڭ كۆزلەش كېرەك. دائىمىي نازارەتچىلىكنى چىڭىتىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا «تۆت خىل ھالەت»تىن پايدىلىنىش كېرەك. ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ تەكشۈرگىلى بولىدىغان، سۈرۈشتۈرگىلى بولىدىغان قايتما ئىنكاس مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. جاۋابكارلىقنى قېلىپلىق سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىقنى دەل جايىدا سۈرۈشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تەكلىپىدىن ئىبارەت كۈچلۈك قورالدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك.

ئالتىنچى، سىياسىي كۆزىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈشتە يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىش خىزمەت ئەندىزىسىنى سجىل مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. دىققەتنى «ئىككىنى قوغداش»قا مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسىي كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش بىلەن باشقا نازارەتچىلىكنى تۇتاشتۇرۇش، يۇغۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. قېلىپلاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ھەم كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتلىرى)نى تەكشۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەسىلىنى بايقاش ۋە تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈشكە ئاساسەن تۈزىتىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمى ۋە كۆزىتىش نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشنىڭ ماھىيەتتىن تۈزەش فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يەتتىنچى، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى روھىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە سجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ شەكلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈزەش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يۈزتىسىيە بىلدۈرۈپلا ئەمەلىيلەشتۈرمەسلىك، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتا مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالماسلىق، قىلىدىغاننى قىلماسلىق، سۆرەلمىلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتەك شەكلۋازلىق قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تۈزەش كېرەك. راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك خاھىشىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. «تۆت خاھىش»نى تۈزەش بىلەن يېڭى ئىستىل تۇرغۇزۇشنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خاھىشنى تۈگىتىشنى ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلاندۇرۇشقا، ئادەتكە ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

سەككىزىنچى، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى سجىل بەرپا قىلىش كېرەك. «يولۋاس» «چىۋىن»نىمۇ تەڭ يوقىتىش، پارا ئالغان، پارا بەرگەنلەرنى تەڭ تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. دېلونى تەكشۈرۈپ بېجىرىشنىڭ «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلار»نى چوڭقۇر، ئەمەلىي قىلىش، ئىدىيە ـ ئەخلاق ۋە پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇپ كۈچەيتىش كېرەك.

توققۇزىنچى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولغان، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنىنى سجىل تاۋلاپ چىقىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق «ئۈچنى ياخشىلاش»نى ئالغا سىلجىتىپ، مەسئۇلىيەتنى بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە ئادا قىلىشنى چىڭىتىش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئەلالەرنى تاللاپ، كۈچلۈكلەرنى سەپلەش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ قوشۇن قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك. پۈتۈن ئەزالارنى تەربىيەلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، سىياسىي ساپا، كەسپىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش كېرەك. «قاتتىق» بولۇشنى دائىملىق باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا نامايان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىزام ئىجراسىدا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن تەكشۈرۈش، قانۇن ئىجراسىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، جاسارەتلىك ـ يارامىلىق بولۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!